# ئەمگەك ئارزۇغا تىرەك بولدى، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ شانلىق سەھىپە يېزىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مىللەتنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قەدەم قويۇش مۇساپىسىدە باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇشى كېرەك.

## ئەمگەكنى قەدىرلەش، ئىجاد قىلىشنى مەدھىيەلەش ——

**جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسى بەرپا قىلىشتا جەزمەن تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش، سەممىي ئەمگەك قىلىش، ئىجادىي ئەمگەك قىلىشقا تايىنىش كېرەك**

باش قىشتىكى بېيجىڭدا، ھاۋا خېلىلا سوۋۇپ قالغانىدى. كەچ سائەت 7دىن ئاشقاندا، شۈنيىڭ بېيجىڭ شىتوۋ خۇتۇڭ تىجارەت پونكىتىدىكى «تېز يەتكۈزۈش خادىمى» لىيۇ كو يەنىلا تور نۇقتىسىدا ئاپتوموبىلغا قاچىلاش، مال تارقىتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

«ئالدىراشتە! ئەمدىلا ‹قوش 11›نى ئۆتكۈزدۇق، ھازىر كۈندە 300چە تېز يوللانمىنى تاپشۇرۇۋالىمىز، تارقىتىمىز. ئەتىگەن سائەت 7دىن ئاشقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئالدىراش بولۇۋاتىمىز».

گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، لىيۇ كودا يېتەمەس - تۈگىمەس كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. «باش شۇجى شى جىنپىڭ بىزنى ‹ئىشچان ھەسەل ھەرىسى›گە ئوخشاتتى، بۇ تولىمۇ ئوبرازلىق ئوخشىتىش، قەلبىمىز ئىللىقلىققا تولدى».

2019 - يىلى 2 - ئايدا، دېھقانلار كالېندارى بويىچە چاغان يېتىپ كېلىش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭ شەھىرىدە تەكشۈرۈشتە بولۇپ، بىر تېز يەتكۈزۈش مۇلازىمەت نۇقتىسىدا خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان «تېز يەتكۈزۈش خادىملىرى»نى يوقلاپ، ئۇلار بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى ھەم ئۇلارنىڭ چاغىنىغا خۇشاللىق تىلىدى. باش شۇجى مۇنداق كۆرسەتتى: «تېز يەتكۈزۈش خادىملىرى»نىڭ خىزمىتى ناھايىتى جاپالىق، سەھەر كېلىپ كەچ قايتىدۇ، ئۇلارنى بوران - چاپقۇنمۇ توسۇيالمايدۇ، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار خۇددى ئىشچان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش ئەڭ تىرىشچان ئەمگەكچىلەر بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق ئېلىپ كەلدى.

ئەمگەك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان تۈپ كۈچ.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشتىن - ئاخىر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپ قېتىم مۇھىم يىغىن، مۇھىم سورۇنلاردا جان - دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، ئەمگەكنى قەدىرلەش، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ مۇھىم سۆز قىلىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئەمگەك - ئىجاد قىلىشنى مەدھىيەلەش، ئەمگەك روھىنى كۈيلەشكە ئىلھاملاندۇردى.

«كۆۋرۈك كىران مەشغۇلاتى خۇددى ئېگىز بوشلۇقتا ‹يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈش›كە ئوخشايدۇ» دېدى نىڭبو جوۋشەن پورتى بېيلۇن 3 - كونتېينېر پىرىستانى چەكلىك شىركىتى كۆۋرۈك كىران بەنىنىڭ چوڭ بەنجاڭى جۇ شىجيې. 40 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بوشلۇقتا، مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان ھاۋا رايى ۋە ئۆلچىمى بىردەك بولمىغان پاراخوت تېپلىرى ئالدىدا ئۇ ۋە ئۇنىڭ بەن - گۇرۇپپىسى ھەمىشە كونتېينېرلارنى قاچىلاش - چۈشۈرۈشنى تېز ھەم دەل جايىدا تاماملىيالايدۇ.

تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسىدىن مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسىغىچە، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كۆۋرۈك كىران مەشغۇلات ئۇسۇلىنى مۇستەقىل ئىجاد قىلىشتىن كوللېكتىپنى يېتەكلەپ بىرلىكتە يېڭىلىق يارىتىشقىچە... خىزمەت قىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇ شىجيې ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان قەتئىيلىك ۋە بارغانسېرى مۇكەممەللىشىشكە تىرىشىدىغان ئىنتىلىش ئارقىلىق، ئاددىي ئىش ئورنىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ روھىنى شەرھلەپ بەردى.

2013 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىغا بېرىپ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سۆز قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «بەخت ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئارزۇ ئۆزلۈكىدىن رېئاللىققا ئايلانمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل كەلگۈسىمىزنى بەرپا قىلىشتا، جەزمەن خەلققە زىچ تايىنىپ، باشتىن - ئاخىر خەلقنى كۆزلەش، جەزمەن تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش، سەممىي ئەمگەك قىلىش، ئىجادىي ئەمگەك قىلىشقا تايىنىش كېرەك».

2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى ھەم مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرى سارىيى بىر خىش، بىر كاھىشتىن قوپۇرۇلغان، خەلقنىڭ بەختى ئاز - ئازدىن ئىجاد قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر جۇڭگو يولىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭگو روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، جۇڭگو كۈچىنى مۇجەسسەملەشنىڭ ئۈلگىسى، ئۇلار يۈكسەك باش قەھرىمانلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئاجايىپ ئەمگەك - ئىجاد قىلىش، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ ئۆزىنى بېغىشلاش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە ئۆگىنىش ئۈلگىسى تىكلەپ بەردى.

«ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسىپنى قەدىرلەش، تىرىشىپ بىرىنچى قاتاردا بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، نام - مەنپەئەتكە قوغلاشماسلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش»تەك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى جانلىق شەرھلەپ بەردى، بۇ، بىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىمىز ۋە قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچىمىز.

گۈل ئەجىر قىلغانلىقتىن پورەكلەپ ئېچىلىدۇ، ئىشلار جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلغانلىقتىن راۋاج تاپىدۇ.

2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى (دېھقانلار كالېندارى بويىچە چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى) دىن باشلاپ، خېبېي ئۆلكىسى يۈنفاڭ گۇرۇپپىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۆ رۇڭنىڭ كۈنتەرتىپىدە پەقەت «يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش» دېگەن خەتلا قالدى.

چاغاننىڭ 5 - كۈنى، يۈنفاڭ گۇرۇپپىسى پارتىيە كومىتېتى جىددىي سىن يىغىنى ئېچىپ، يېرىم كۈندىلا، 500 كىشىلىككە يېقىن پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتى تەشكىللىدى. 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شۆ رۇڭ پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتىدىكى بىر تۈركۈم ئەزالارنى باشلاپ قارشى يۆنىلىشتە يۈرۈش قىلىپ، تېزدىن خۇبېي ئۆلكىسى شيەن شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ياردەم بېرىشكە باردى.

«پارتىيە ئەزالىرى زەربىدارلار ئەترىتىمىزدە ھەم بىرىنچى سەپتىكى تازىلىقچىلار، پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى، تۇغۇت پەرۋىشكارلىرى بار، ھەم كود يازىدىغان پىروگراممىر تۈزگۈچىلەر بار. بەزىلەر مۇداپىئە كىيىمىنى تېجەش ئۈچۈن، بىرنەچچە سائەت ئارتۇق خىزمەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى؛ بەزىلەر ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن، بىۋاستە دوختۇرخانىدىلا قوندى.» بىرىنچى سەپتە كۈرەش قىلىۋاتقان خادىملار توغرىسىدا توختالغاندا، شۆ رۇڭنىڭ ئاۋازى بىرنەچچە قېتىم بوغۇلۇپ قالدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ خېبېي يۈنفاڭ گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، غەيرىتىنى ساقلاپ، ئەمگەك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا داۋاملىق قالتىس ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ كۈچ قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ھەر قېتىم ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنىڭ غېمىنى قىلدى، ئادەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى بىلەن يېقىن ئارىلىقتا پاراڭلىشىپ، ئۇلاردىن قىزغىن ھال - ئەھۋال سورىدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى.

2017 - يىلى 4 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۇاڭشىدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، بېيخەي شەھىرى تيېشەنگاڭ ئاممىۋى پىرىستانىدا نەق مەيدان مەشغۇلاتى قىلىۋاتقان ئىشچىلارنى يوقلىدى. نەق مەيداندا مەشغۇلاتى قىلىۋاتقان پىرىستان ئىشچىلىرى باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھاياجان بىلەن چۆرىدەپ كېلىپ باش شۇجىدىن ئەھۋال سورىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇلار بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئۇلارنى ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسىپنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ، زامانىمىزدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش ۋە نامايان قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

«ئەمگەك ئەڭ شەرەپلىك، ئەمگەك ئەڭ يۈكسەك، ئەمگەك ئەڭ ئۇلۇغ، ئەمگەك ئەڭ گۈزەل.» 2018 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرى شۆيۈەنى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى تولۇق كۇرسى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ ئىلھاملاندۇرغاندا تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: «پۈتۈن جەمئىيەتتە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، سەممىي ئەمگەك قىلىش، تىرىشىپ خىزمەت قىلىشنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك».

سەممىي سۆز، سەممىي تاپشۇرۇق جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشتەك قايناق ھېسسىياتنى ئۇرغۇتتى، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، يۈز مىليونلىغان جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنى «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ئۈچۈن تېخىمۇ زور كۈچ قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

## ئىش ئورنىنى سۆيۈپ ئۆزىنى بېغىشلاش، يېڭىلىق يارىتىپ يېتەكچىلىك قىلىش ——

**ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى دەۋر ئاساسىي مېلودىيەسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك**

«ۋاقىتنىڭ ئالدىدا ماڭغان كىشى» ۋاڭ جۈگلون، «زامانىمىزدىكى لېي فېڭ» گو مىڭيى، «تۆمۈريولدىكى كىچىك گىگانت ئادەم» جۇ شياۋلىن، «داڭلىق كەپشەرلەش ئىشچىسى» گاۋ فېڭلىن...

بۇ يارقىن ئىسىملار جۇڭگو ئىشچىلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەيدىغان قەتئىي ئىرادىسى ۋە ئېگىلمەس پەزىلىتىگە گۇۋاھ بولۇپ، «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى»نىڭ قىممەت ئىنتىلىشى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنىڭ دەۋر ئىزاھاتىنى نامايان قىلدى.

يىغىندا سۆھبەتلىشىش ۋە ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشقا قارىتا كۆپ قېتىم بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى، بۇلارنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، چوڭقۇر، ئۇزاق بولدى.

ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسىپنى قەدىرلەش، جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ ئۆزىنى بېغىشلاش ——

2013 - يىلدىن ئىلگىرى، دۆلىتىمىز 2000 توننىلىقتىن يۇقىرى چوڭ تىپتىكى زەنجىر تاپانلىق كىراننىڭ ھەممىسىدە ئىمپورت قىلىشقا تايىناتتى، باھا، سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت قاتارلىقلاردا باشقىلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى كىران»نى ياساش شۈگۇڭ گۇرۇپپىسىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى سۇن لىنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

2013 - يىلى، سۇن لى ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپىنىڭ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشى بىلەن، 4000 توننىلىق زەنجىر تاپانلىق كىران شەندۇڭ يەنتەيدە «تۇنجى ئۆزىنى نامايان قىلىش»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، دۆلىتىمىزنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى زور توننىلىق زەنجىر تاپانلىق كىرانى تەتقىق قىلىپ ياساش ساھەسىدىكى بوشلۇقنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ ئۈسكۈنىگە مودۇللاشتۇرۇش، تىپلاشتۇرۇش لايىھەسى ئىجادىي ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كۆپ تۈرلۈك تېخنىكىدا دۆلەت ئىچىدىكى تېخنىكا بوشلۇقىنى تولدۇردى.

«بۇ ئارزۇ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ كىرانىنى دۇنيانىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىرىش ئۈچۈن، بىز توپتوغرا 23 يىل كۈرەش قىلدۇق» دېدى سۇن لى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: «كەڭ كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى يېڭى دەۋردىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسىپنى قەدىرلەپ، جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى ۋە ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كۈرىشىدە ھەممەيلەن قالتىس بولۇشى كېرەك».

سۈپا ھازىرلاش، سەھنە بىلەن تەمىنلەش ——

2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى بىلەن كوللېكتىپ سۆھبەتلەشكەندە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كەسپ ئىشچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىلىم تىپى، ماھارەت تىپى، يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى كەسپ ئىشچىلىرى زور قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى مىللەتنىڭ سەرخىللىرى، خەلقنىڭ ئۈلگىلىرى. چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىدىكى يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن سۈپا ھازىرلاپ، سەھنە بىلەن تەمىنلەپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى، بارلىققا كەلتۈرۈشى كېرەك.

2016 - يىلدىن باشلاپ، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە «ئەترايىمىزدىكى چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرى»نى كۆرسىتىش، ئۇلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەم مائارىپ مىنىستىرلىقى بىلەن بىرلىشىپ «چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنى مەكتەپلەرگە تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئادەم بولۇش، ھۈنەر ئۆگىنىش تەجرىبىلىرى ۋە تەسىراتلىرىنى ئۆگىتىپ، چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرى ئوقۇغۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك سۈپا ھازىرلىدى.

پۇختا، ئەستايىدىل بولۇش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش ——

بىر مىكرومېتىر قانچىلىك ئىنچىكە بولىدۇ؟ بىر تال چاچنىڭ 60تىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ!

ۋۇشى مىكرو تەتقىقات پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئالىي تېخنىكى چېن لياڭنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرى: قېلىپنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى بىر مىكرومېتىر ئىچىدە كونترول قىلىش.

«يەنىمۇ ئىنچىكىلىگەندە، بىر مىكرومېتىرلىق ئېنىقلىق دەرىجىسىگە تېخىمۇ يېقىنلاشقىلى بولىدۇ!» ھەربىر قېتىملىق خىرىسقا تېخىمۇ ياخشى تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، چېن لياڭ ئۆزى ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر خىزمەت مىزانى تۈزدى.

مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىگە قويۇش، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ ئۆزىنى بېغىشلاش، بىرىنچى قاتاردا بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش، بۇ، يېڭى دەۋردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ «كۈرەش قىلىش گۈزەللىكى».

2018 - يىلى 9 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ لياۋنىڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى. لياۋنىڭ جۇڭۋاڭ گۇرۇپپىسى رېلىسلىق قاتناش ۋاستىلىرى گەۋدىسى ياساش سېخىدا، باش شۇجى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ۋە تېخنىكا تەلپىنى تەپسىلىي سوراپ، مۇنداق تەكىتلىدى: ھۈنەرۋەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاساسىي كەسىپنى چىڭ تۇتۇپ، باشقىچە خىياللاردا بولماي، تىرىشىپ تېخىمۇ كۆپ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

2019 - يىلى 9 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ خېنەندە تەكشۈرۈشتە بولدى، جېڭجوۋ كۆمۈر كان ماشىنىسازلىق گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش قۇراشتۇرۇش سېخىدا، باش شۇجى تەكىتلەپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ياسىمىچىلىق ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ ئاساسى، ئەمەلىي ئىقتىساد دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ دەسمايىسى، كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئەۋزەللىكنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تىرىكى. كەسىپلەرنىڭ تېنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ياسىمىچىلىق، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلىتىمىز ياسىمىچىلىقى ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇشتىن سۈپىتى يۇقىرى بولۇشقا يۈزلىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى پۇختا ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

2020 - يىلى 8 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەنخۇيدا تەكشۈرۈشتە بولدى. جۇڭگو باۋۇ ماگاڭ گۇرۇھى سېخىنىڭ سىرتىدا، كارخانا ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىشچىلار ۋەكىللىرى باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپچىلىك بىلەن سەممىي سالاملاشتى. باش شۇجى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ما گاڭ قېيىنچىلىقنى يېڭىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئالدىنقى يېرىم يىللىق مەھسۇلات مىقدارى بىلەن تىجارەت كىرىمىدە بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا «قوش ئېشىش»نى ئىشقا ئاشۇردى. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە چاققانلاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى كۈچەيتىپ، تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى تېخىمۇ كۆپ يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىپ، بازار رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى جۇمھۇرىيەتنىڭ تۆھپىكارلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك.

ئۈمىد بىلەن ھەيدەكچىلىك كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ؛ مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش كىشى قەلبىگە ئىلھام بېرىدۇ. مىليونلىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز خىسلىتىنى نامايان قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئەمگەكچىلەر كۈيىنى بىرلىكتە ياڭراتتى.

## ئارزۇنى سۇغىرىش، كۈچنى مۇجەسسەملەش ——

**پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى ئاسرايدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش**

«مەن بىرىنچى سەپتە 27 يىل خىزمەت قىلدىم، بۇنداق شەرەپكە ئېرىشىشىم ماڭا بىرلىگەن ئىلھام ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش، شۇنداقلا ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك بولدى.» مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلانغان لى شاۋجېي ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى باسالماي قالدى.

لى شاۋجېي جۇڭگو تۆمۈريولى 19 - ئىدارىسى 3 - شىركىتى لەنجوۋ - چۇڭچىڭ تۆمۈريول تۈر بۆلۈمى 3 - ئىش رايونىنىڭ باش ئىنژېنېرى. گېئولوگىيەلىك يەر شارائىتى خۇددى دۇفۇدەك ئاجىز بولۇشتەك كەسكىن خىرىس ئالدىدا، لى شاۋجېي كوللېكتىپنى يېتەكلەپ لەنجوۋ - چۇڭچىڭ تۆمۈريولى خۇمالىڭ تونېلىدا سەككىز يىل ئىشلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە گېئولوگىيەلىك شارائىتتىكى تونېل قۇرۇلۇشىدىكى تېخنىكا بوشلۇقىنى تولدۇردى.

ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى مىللەتنىڭ سەرخىللىرى، خەلقنىڭ ئۈلگىلىرى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىلىرى.

ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشتىن - ئاخىر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، بىر قاتار سىياسەت - تەدبىرلەر ئەمەلىي، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى چىن قەلبىدىن ئىلھاملاندۇردى ۋە ئىللىقلىق ھېس قىلدۇردى...

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق تەقدىرلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەرگە ئوردېن، مېدال تارقىتىپ بەردى.

83 ياشلىق ۋاڭ چىمىن شۇلارنىڭ بىرى. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن بۇيان، ئۇ نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت ئېلىش تېخنىكا ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ئۆچمەس كۈچ قوشۇپ، «داچىڭدىكى ‹يېڭى تۆمۈر ئادەم›» دەپ ئاتالغان.

«دۆلەت ئوردېنى، دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكەن ھەربىر ئادەمنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار، ئۇ بولسىمۇ ساداقلىق، قەتئىيلىك، ئاددىي - ساددىلىق. قىسقا مۇددەتتە ئادەتتىكى ئىش تەرتىپى بويىچە يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشىشكىلا بىرلىپ كەتكەندە قەھرىمان بولغىلى بولمايدۇ؛ ‹نام، مەنپەئەت، مۇكاپات›نىڭلا كويىدا بولغاندا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ»، دېدى ۋاڭ چىمىن.

ئۇلۇغلۇق ئاددىيلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ، ئاددىيلىقتىن ئۇلۇغلۇق يارىتىلىدۇ.

«پەقەت قەتئىي غايە - ئېتىقاد، بوشاشماي كۈرەش قىلىش روھى بولسىلا، ھەربىر ئادەم ئىشنى پۇختا، ئەستايىدىل قىلسىلا، بارلىق ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قالتىس كىشىلىك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ، بارلىق ئاددىي خىزمەتلەردە قالتىس نەتىجىلەرنى يارىتالى بولىدۇ»، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

يەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى «باشلامچى»لار، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشىدىكى «باشلامچى ياۋا غاز»لار، ئاددىي ئىش ئورنىدا جاپالىق ماھارەت يېتىلدۈرۈۋاتقان ئەمگەكچىلەر... ھەر بىر ئەمگەك نەمۇنىچىسى جۇمھۇرىيەتنىڭ بايلىقى.

ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ داۋالىنىش، ئارام ئېلىش مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ داۋالىنىش، ئارام ئېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى»نى چىقىرىپ، ھەر يىلى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى داۋالىنىش، ئارام ئېلىش بازىلىرىغا بېرىپ داۋالىنىشقا، ئارام ئېلىشقا تەشكىللىدى. 2015 - يىلدىن بۇيان جەمئىي 26 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېقىن ئەمگەك نەمۇنىچىسىنى تەشكىللەپ داۋالىنىش، ئارام ئېلىشقا قاتناشتۇردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ تالانتىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى، مەنىۋى پەزىلىتىنى نامايان قىلىشىنى ھەر تەرەپلىمە قوللاش بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ماھارىتى، يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى، باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كەڭ تارقىتىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش، باشلامچىلىق قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى شەرەپنى قەدىرلەپ، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى يارىتىشى كېرەك».

يېقىندا، جۇڭگو شاڭفېي شاڭفېي شىركىتىنىڭ ئالاھىدە دەرىجىلىك تېخنىكى خۇ شۇاڭچيەن كەسپ ئىشچىلىرى ۋەكىلى سۈپىتىدە پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

«مەن بۇ يىل پىنسىيە يېشىغا يەتتىم، يەنىلا تۈگىمەس كۈچۈم باردەك ھېس قىلىۋاتىمەن، ئىش ئورنۇمدا رولۇمنى داۋاملىق جارى قىلدۇرىمەن»، دېدى خۇ شۇاڭچيەن. ئۇ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يېڭىلىق يارىتىش ئىشخانىسى كوللېكتىپىنى يېتەكلەپ، چوڭ ئايروپىلان زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخنىكا ئۆگىتىش بىلەن بىللە، شاگىرتلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش، تەتقىق قىلىشقا ماھىر بولۇش پەزىلىتىنى كۈچەپ يېتىلدۈرۈپ، چوڭ ئايروپىلان ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى ياخشى يېتىشتۈردى.

ئۇلۇغ ئىشلار داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىشقا ئېھتىياجلىق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كەسپ ئىشچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى.

2017 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 32 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، «يېڭى مەزگىلدىكى كەسپ ئىشچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئىسلاھات لايىھەسى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، بۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى تېپا بەلگىلىگەن، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان، ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىسلاھات.

لايىھەدە: «كەسپ ئىشچىلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار ۋەكىللەر قاتارلىقلارنى باھالاشتىكى سان نىسبىتىنى كۆپەيتىش»، «شارائىت ھازىرلانغان ساھە، كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەر يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتى ئىشخانىسى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتى ئىشخانىسى ۋە ماھارەت ئۇستىلىرى خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش»، «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ھۈنەرۋەنلەرنى مەكتەپلەرگە كىرىش، دەرسخانىلارغا كىرىش، كارخانىلارغا كىرىش، بەن - گۇرۇپپىلارغا كىرىشكە تەشكىللەپ، ‹ئىشچىلار ئۇلۇغ، ئەمگەك شەرەپلىك› دېگەن دەۋر ئاساسىي مېلودىيەسىنى ياڭرىتىش» تەكىتلەندى.

2018 - يىلدىن باشلاپ، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانات يايدۇرغان مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكۈچىلەرنى باھالاشتا كەسپ ئىشچىلىرىنى تەقدىرلەش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم بېكىتىلدى ھەمدە 35%تىن تۆۋەن بولماسلىق تەلەپ قىلىندى. ئىككى يىلدىن بۇيان، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن 1392 كىشىنى مەركەزلىك تەقدىرلىدى، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئەمگەكچىلەر 86.6%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپ ئىشچىلىرى 570 كىشى بولۇپ، تەقدىرلەنگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 40.9%نى ئىگىلىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىدە، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى كۈندىلىك خىزمەتلەردە گەۋدىلەندۈردى ھەم زور بىر تۈركۈم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ماھىرى ۋە يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشىغا ئۈلگە كۆرسىتىپ بەردى، تۈرتكە بولدى. 2016 - يىلدىن بۇيان، مەملىكەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان مۇۋاپىق تەكلىپ 37 مىليون 518 مىڭ، تېخنىكا يېڭىلاش تۈرى 2 مىليون 145 مىڭ تۈر، كەشپىيات، ئىجادىيەت تۈرى 808 مىڭ تۈر، ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىلغار مەشغۇلات ئۇسۇلى تۈرى 640 مىڭ تۈر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسى ئىچىدە دۆلەتنىڭ پاتېنت تۈرىگە ئېرىشكىنى 645 مىڭ بولدى.

ئەمگەك ئارقىلىق ئارزۇغا يېتىش، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يولغا چىقىش.

كەڭ ئەمگەكچى ئامما يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئەقىل ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ شانلىق تارىخ سەھىپىسىدە كىشىنى تېخىمۇ ئىپتىخارلاندۇرىدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىپ، تېخىمۇ شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى)**